# ئۆزۈگۈمنىڭ قەبرىسى زادى نەدە؟

(ماقالە)

نجات سوپى

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# نۇزۇگۇمنىڭ قەبرىسى زادى نەدە؟

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن زۇلۇم ـ زورلۇققا باش ئەگمەي، ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن، ئۆز ئېتىقادى ۋە پاكلىقى يولىدا بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان ئۇيغۇر قىزى نۇزۇكۇمنىڭ قەبرىسىنىڭ غۇلجا ناھىيە ئارائۆستەڭ يېزا بۇلاق بېشى مەھەللىسىدىن بايقالغانلىقى ھەمدە قەبرە تېشى تىكلەنگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرلەر 2015 ـ يىلى تور ۋە ئۈندىدار سۇپىلىرىدا كەڭ تارقىلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ بىردەك دىققىتىنى قوزغىدى. بۇنىڭغا ئۇلىنىپ، نۇزۇكۇمنىڭ ئەسلى يۇرتى، ئەسلى ئىسمى، تۇغۇلغان ۋاقتى، سۆيگەن يىگىتى... دېگەندەك مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ ھەر خىل كۆزقاراشلار مەيدانغا چىقتى. بۇ ھەقتە تارقىلىپ يۈرگەن ئۇچۇرلارنىڭ چىنلىق ئاساسى زادى قانچىلىك؟ بۇ ئۇچۇرلارنىڭ قايسىلىرى راست، قايسىلىرى يالغان؟ يالغان ئۇچۇرلار كەڭ تارقىلىپ، «راست»قا ئايلانسا، بىز مۇشۇ دەۋردە ياشاۋاتقان زىيالىلار تارىخ ئالدىدا، كېيىنكىلەر ئالدىدا قانداق جاۋاب بېرىمىز؟ ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن يۇقىرىقىدەك سوئاللار ئالدىدا بىزمۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشماي تۇرالمىدۇق.

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا بۇ سوئاللارغا توغرا جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئىككىلا يولى بار: بىرى ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللارغا مۇراجەت قىلىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىزدەش، يەنە بىرى ئالاقىدار تارىخىي جايلارغا بېرىپ ئەمەلىي دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق پاكىتلارنى دەلىللەش.

بۇ ھەقتە بىز تايىنىدىغان بىردىن ـ بىر تارىخىي ماتېرىيال ـ 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن رېئالىست شائىر موللا بىلال ئىبنى موللا يۈسۈپ (نازىمى) تەرىپىدىن يېزىلغان «نۇزۇكۇمنىڭ قىسسەسىدۇر» ناملىق تارىخىي داستاندۇر. موللا بىلال يازغان «غازات دەر مۈلكى چىن»، «چاڭموزا يۈسۈپخان» ۋە «نۇزۇكۇمنىڭ قىسسەسىدۇر» ناملىق بۇ ئۈچ داستاننىڭ ۋەقەلىكلىرى تارىخقا ئىنتايىن يېقىن تۇرىدۇ. ھازىرغىچە بىز «نۇزۇكۇمنىڭ قىسسەسىدۇر» ناملىق ئەسەردىن باشقا نۇزۇكۇمنىڭ تارىخقا ئائىت بىرەر ئىشەنچلىك تارىخىي يازما ماتېرىياللارغا ئېرىشكىنىمىز يوق. شۇڭا، نۇزۇكۇمنىڭ كىملىكى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتىلىرىگە ئائىت بىر قەدەر ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا بىز پەقەت مۇشۇ ئەسەر ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيمىز، دەپ قارايمىز.

بۇ ئەسەر موللا بىلال تەرىپىدىن مىلادى 1882 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە يېزىلغان ھەمدە رۇس ئالىمى نىكولاي پانتۇسوف تەرىپىدىن توپلىنىپ، 1909 ـ يىلى تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرىدە مىق مەتبەئەدە بېسىپ نەشر قىلىنغان «تارانچى ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەكلەر» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەر رايونىمىزدا دەسلەپ 1980 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا «بۇلاق» ژۇرنىلىدا بېرىلگەن. بىز يېقىندا بىر ئەۋلاد كىتابخانىلارنىڭ ئەسلى ئەسەردىن تولۇق بەھرىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى تىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتمىگەن ئاساستا، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 2014 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا قايتا بەردۇق.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، كېيىنكى چاغلاردا نۇزۇكۇم ھەققىدە نۇرغۇن بەدىئىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ يازمىلارنىڭ ھەممىسى موللا بىلال يازغان «نۇزۇكۇمنىڭ قىسسەسىدۇر» داستان ئاساسىدا بېيىتىلغان،

بەدىئىلەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەردۇر. مەسىلەن، ئابدۇكېرىم رەھمان تەرىپىدىن توپلىنىپ، 1981 ـ نەشر قىلىنغان نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» ناملىق توپلامدا بۇ ئەسەرنىڭ خەلق داستانى شەكلىدىكى ۋارىيانتى بار بولۇپ، كېيىنچە قىسقارتىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى. يازما ئەسەرلەردىن يەنە نەزەرخوجا ئابدۇ سەمەتوفنىڭ «نۇزۇگۇم» پوۋېستى، تۇرغان توقتاموفنىڭ «نۇزۇگۇم» رومانى، مەرھۇم شائىر ئابلىز ھوشـۇرنىڭ «نۇزۇگۇم» داسـتانى، ئاتاقلىق يازغۇچى مەتمىن ھوشـۇرنىڭ «نۇزۇگۇم» پوۋېسـتى، تۇرسـۇناي ھۇ سەيىن، ھۇ سەيىن تاش قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ باللارغا لايىقلا شتۇرۇپ يېزىلغان «نۇزۇگۇم» پوۋېستلىرى بار. بۇ ئە سەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، نۇزۇگۇمنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازى بارغانسېرى بېيىپ، كۆچىيىپ باردى.

موللا بىلالنىڭ «نۇزۇگۇمنىڭ قىسـسەسـىدۇر» ناملىق ئەسـىرىدىكى نۇزۇگۇمنىڭ سـەرگۈزەشـتىلىرىگە ئائىت رېئال ئۇچۇرلار تۆۋەندىكىچە. (تۆۋەندە بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئەسـلى تېكىسـت شـەكلىدە، بەزىلىرىنى قىسـقارتىپ ئۆز تىلىمىزدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.)

»مانجۇلار جاھانگىر خوجامنى قەشقەردە تۇتقاندىن كېيىن ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنلارنى ئىلى شەھرىگە گۇناھكار قىلىپ ئەۋەتكەندە، بۇ نۇزۇگۇم دېگەن خوتۇن توغرىسىدا چىققان ناخشىلاردۇر.

مانجۇ خانى داۋگۇاڭ خان (چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1821 ـ يىلىدىن 1850 ـ يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن خانى) بولۇپ ئالتە يىل بولغاندا جاھانگىر خوجام قەشقەرگە كېلىپ، سوقۇشۇپ قەشقەرنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، ئالتە ئاي سورىغان ئىكەن. ئاندىن كېيىن غۇلجا شـەھرىدىن چىڭكۇنكى دېگەن جاڭجۇن نۇرغۇن لەشـكەر ئېلىپ بېرىپ، بېيجىندىن نۇرغۇن لەشكەر بىلەن قەشقەرگە كەلگەن بەيخۇزا، ياڭ دارىن دېگەن جاڭجۇنلەر بىلەن بىر بولۇپ، جاھانگىر خوجام بىلەن سـوقۇشـۇپ، جاھانگىر خوجامنى تۇتۇپ، بېيجىڭغا داۋگۇاڭ خاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كېتىپ، قەشـقەردىكى ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خوتۇنلىرىنى غۇلجا شـەھرىگە ئېلىپ كېلىپ، ھەر بىر خوتۇننى بىر قالماققا خوتۇن قىلىسـۇن دەپ تۇتۇپ بەرگەن ئىكەن. نۇزۇگۇم دېگەن خوتۇننى ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە بىر قالماققا بەرگەن ئىكەن. («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2014 ـ يىل 6 ـ سان 88 ـ بەت)

تارىخي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، جاھانگىر خوجا ئاپاق خوجا باشـچىلىقىدىكى ئاق تەقىيەلىك خوجىلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، قوقەندىدە تۇغۇلغان. 1826 ـ يىلى قەشـقەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئۇ يەردە تۇرۇشاتقان چىڭ قوشـۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشـقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قىسـىم جايلارنى بىر مەزگىل ئىدارە قىلغان. 1828 ـ يىلى چىڭ قوشـۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلىپ، سـوراق قىلىنىپ، ئاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق. دېمەك، نۇزۇگۇم ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى شۇ قېتىملىق قوزغىلاڭ سەۋەبىدىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان كىشىلەردىن ئىكەنلىكى ئېنىق.

»بۇ نۇزۇگۇم موللا خوتۇن ئىكەن. ئۆزى زىلۋا، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا كۆز، قارا قاش، نازۇك بەدەن بولغانلىقى ئۈچۈن قەشـقەر خەلقى "نازۇگۇم" دەپ ئات قويغان ئىدى. كۈنلەردە بىر كۈن نۇزۇگۇم تاغدىكى بولجار قىلىشـقان يارنىڭ بېشـىغا بارغاندا ئاكىسى ئابدۇللا خوجا ھەم يار بېشـىغا بېرىپ، ھەر ئىككىسـى يىغلىشـىپ ـ يىغلىشـىپ، ھال ـ ئەھۋالىنى ئېيتىشـىپ مەسلىھەت قىلىپ، ئاكىسـى ئابدۇللا خوجا: "ئەي سـىڭلىم نۇزۇگۇم، سـەن بۇ يەردە

تۆرمىغىن، بىر تەرەپكە قېچىپ كەتكىن. ئەگەر قاچمىساڭ سېنى قالماقلار ئالىدۇ، تۇغقان پەرزەندلىرىڭ بارچىسى قالماق بولىدۇ، ئۆزۈڭ ھەم مۇسۇلمان بولالمايسەن" دەيدۇ. نۇزۇگۇم يىغلاپ تۇرۇپ: "ئەي جېنىم ئاكا، مېنىڭمۇ قاچىدىغان خىيالىم بار ئىدى. ئەمما، سەندىن جۇدا بولۇپ، مەن ئاجىز قانداق قىلىمەن، دەيتتىم. ئەمدى سېنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم" دەپ، غۇلجا تەرەپكە قاراپ قېچىپ يۈرۈۋەردى.» («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2014 ـ يىل 6 ـ سان 89 ـ بەت)

بۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، نۇزۇگۇم ساۋادلىق، ئوقۇغان ئايال بولۇپ، زىلۋا، نازۇك بەدەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسمى «نازۇك» ئاتالغان، كېيىنچە بۇ سۆزگە بىرىنچى شەخس بىرلىك تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ـ ۇم»نى ئۇلىنىپ «نازۇكۇم» شەكلىگە، يەنە تاۋۇش ئالمىشىش قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزگىرىپ «نۇزۇگۇم» شەكلىگە كەلگەن. بىللە پالانغانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ ئاكىسى ئابدۇللا خوجىمۇ بار بولۇپ، ئىككىسى بىر جايغا پالانغان، كېيىنچە ئاكىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن نۇزۇگۇم موڭغۇللار دائىرىسىدىن غۇلجىغا قاراپ قاچقان.

»نۇزۇگۇم شۇ كېچە چوڭ يۇلتۇزدىن قېچىپ تاڭ ئاتقاندا بىر جاڭجالغا كىرىپ، بىر تالنىڭ تۈۋىدە ياتتى. يەنە كەچ بولغاندا يۈرۈپ شۇ تەرىقىدە كۈندۈز يېتىپ، كېچە يول يۈرۈپ، لوڭكو) بۇ خەنزۇچە 龙口 سۆزى بولۇپ، مەنىسى ئېچىق بېشى. بۇ جاي قاش دەرياسى بويىدىكى ئاقئۆستەڭنىڭ باشلىنىش ئاغزى بولسا كېرەك(غا كەلدى. دەريا بويىغا كېلىپ، دەريا بويىدا پىچاق بىلەن قومۇشلارنى قىيىپ، نەچچە باغ قومۇش بىلەن قومۇش سال ياساپتۇ. نۇزۇگۇم سالغا ئولتۇرۇپ، دەريا بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى ئالماتۇغا (بۇ جاي ھازىرقى غۇلجا شەھەر يېڭى يەر يېزىسى ئەتراپىدا) يېتىپ كەلگەندە بىر قالماق نۇزۇگۇمنى كۆرۈپ، قالماقلارغا خەۋەر قىلدى: "بىر خوتۇن دەريانىڭ ئىچى بىلەن سالغا ئولتۇرۇپ، قىبلە تەرەپكە كەتتى" دەپ. قالماقلارنىڭ ئامبىلى ئاڭلاپ، نۇزۇگۇمنىڭ قاچقان خەۋىرىنى خەتكە يېزىپ، كۈرە شەھىرىنىڭ ئۇلۇغى جاڭجۇنگە ئەۋەتتى. جاڭجۇن خەتنى ئوقۇپ، سولانلارغا (سولان: داغۇر، ئېۋىنكى، ئېلىنچۇن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى بىرلەشمە نامى) بۇيرۇق قىلدى: "نۇزۇگۇمنى ئىزدەپ تېپىڭلار، قانداقلا بولمىسۇن تېپىپ، ماڭا كەلتۈرۈڭلار" دېدى. ئىككى يۈز ئاتلىق سولۇن بىلەن بۇتە زەڭگى دېگەن سولۇنلارنىڭ ئۇلۇغى ئالماتۇغا كېلىپ، ئۈچ كۈن قومۇشلۇقنى ئىزدىدى، تاپالمىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئالماتۇدا قومۇش كۆپ ئىدى، بىر كىشىنى يۈز كۈن ئىزدەپمۇ تاپالمايتتى.» («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2014 ـ يىل 6 ـ سان 90 ـ بەت)

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشكە بولىدۇكى، نۇزۇگۇمنىڭ دەسلەپ سۈرگۈن قىلىنغان جايى «يۇلتۇز» دېگەن جاي. بۇ جاي ھازىرقى ئىلى بىلەن بايىنغولىن (بايانغول) ئارىلىقىدىكى موڭغۇل يايلاقلىرىغا توغرا كېلىدۇ. نۇزۇگۇم قاش دەرياسى بويىدا قومۇشتا سال ياساپ، تۆت كۈن ئېقىپ غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئالماتۇ، يەنى ھازىرقى ئالماتۇيار ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەن ۋە شۇ يەردە سېزىلىپ قېلىپ، ئىلى جاڭجۇنى تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان. بۇ بۆلەكتىكى قوشاقلارنىڭ «كىرسەم قەشقەر يولىغا، قەشقەر يولى يول بولغاي» دېگەن مىسرالىرىدىن ئۇنىڭ قەشقەرگە كېتىدىغان يولنى تاپالماي خاتا نىشان بويىچە قېچىپ يۈرگەنلىكى ئېنىق. شۇندىن كېيىن چېرىكلەر قومۇشلۇققا ئوت قويىدۇ، نۇزۇگۇم قومۇشلۇقتىن چىقىپ تاغ تەرەپكە قېچىپ بېرىپ، بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرىدۇ. بۇ بۆلەكتە يەنە نۇزۇگۇم «ئاخىر ئاشكارە بولدۇم، يوشۇرۇنغىلى يەر بارمۇ؟ ماڭا قاتتىق كۈن چۈشتى، ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟ تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى سۈزۈپ ئىچەر ئەر قېنى؟ مېنى قەشقەر شەھرىگە ئېلىپ قاچار

ئەر قېنى؟» دەپ، لايىق بىر ئەر كىشى چىقىپ، ئۆزىگە باشپاناھ بولۇپ، قەشقەر شەھرىگە ئېلىپ كېتىشىگە بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاندىن كېيىن چېرىكلەر نۇزۇگۇمنىڭ تاغقا قاچقىنىنى بىلىپ، تاغ تەرەپكە ئىزدەپ ماڭىدۇ، نۇزۇگۇم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يەنە ئالماتۇيار تەرەپكە قاچىدۇ، يول ئۈستىدە چېرىكلەرگە تۇتۇلۇپ قالىدۇ. سولۇنلار نۇزۇگۇمنى تۇتۇپ كونا كۈرە شەھرىگە ئېلىپ بېرىپ جاڭجۈنگە تاپشۇرىدۇ. جاڭجۈن ئۇنى شىسەن مازا دېگەن بىر ئەمەلدارنىڭ ئائىلىسىگە تاپشۇرىدۇ. بۇ شىسەن دالوينىڭ خوتۇنى ھەم قەشقەرلىق ئۇيغۇر ئايال بولۇپ، نۇزۇگۇم بىلەن بىر مەھەللىلىك تونۇش چىقىپ قالىدۇ، نۇزۇگۇم دەسلەپ شۇ ئايالنىڭ خىزمىتىگە قويۇلىدۇ. بۇ ئىككى ئايال دالويى يوق چاغلاردا بىر-بىرىگە دەردلىرىنى ئېيتىشىپ يىغلىشىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى قوشاقلاردىن قارىغاندا يەنە نۇزۇگۇم ئاتىسىنىڭ قەشقەردىن كېلىپ ئۆزىنى ئېلىپ كېتىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. كېيىنچە، دالويى نۇزۇگۇمنى بىر سولۇنغا خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولىدۇ. نۇزۇگۇم دالوينىڭ خوتۇنىغا: «مېنى ئەرگە بەرمىسۇن، مەن سىزنىڭ بىر ئۆمۈر خىزمىتىڭىزنى قىلاي» دەپ يالۋۇرىدۇ، دالوينىڭ خوتۇنى بۇنى دالويغا ئېيتىدۇ، دالويى: «نۇزۇگۇم يۈرەكلىك خوتۇن، ئۇ سېنى يامان ئۆگىتىپ قويىدۇ» دەپ ئۇنىماي، ئۇنى سولۇنغا تۇتۇپ بېرىدۇ. سولۇن ئۇنى ئۆز يۇرتى سۇمۇنغا ئېلىپ كېتىدۇ. (بۇ يەردىكى «سۇمۇن» سۆزىنىڭ مەنىسى «كەنت، بازار» مەنىلىرىگە يېقىن بولۇپ، ھازىرقى چاپچال ناھىيەسىدىكى بىر سۇمۇن، ئىككى سۇمۇن، ...، سەككىز سۇمۇن» دېگەن جايلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك.)

ئۇ سولۇن ئۆزلىرىنىڭ رەسىم-قائىدىسى بويىچە توي قىلىپ نۇزۇگۇمنى ئالىدۇ. شۇ كېچىسى نۇزۇگۇم مەست بولغان سولۇننى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ، گۈرۈچ، تۇز، مىس قازان، چىنە قاتارلىق لازىمەتلەرنى ئېلىپ جاڭگالغا قېچىپ كېتىدۇ. ئەتىسى سولۇنلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، جاڭجۈنگە مەلۇم قىلىدۇ. جاڭجۈننىڭ بۇيرۇقى بويىچە دالويى ئەمەلدار ۋە ياي‌لارنى باشلاپ ئىزدەيدۇ. نۇزۇگۇم شۇ قاچقىنىچە ئالتە ئاي قېچىپ يۈرىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى قوشاقلاردىن قارىغاندا ئۇ قەشقەر يولىنى تاپالماي، يەنە ئالماتىيارغا كېلىپ، شۇ يەردە پاناھلىنىپ يۈرىدۇ.

بىر كۈنى ئۇ قورسىقى ئېچىپ، تاماق ئەتمەكچى بولۇپ، ئوت قالايدۇ. دەريادىن سۇ ئەكەلگىچە ئارىلىقتا ئوچاقتىكى ئوت قومۇشلۇققا تۇتۇشۇپ كېتىدۇ. يايلار ئوتنى كۆرۈپ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ نۇزۇگۇمنى تۇتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ يالۋۇرغىنىغا ئۇنىماي، پۇتىدىن باغلاپ ئاتقا تېڭىپ، دالوينىڭ ئالدىغا ئاپىرىدۇ. دالويى ئۇنىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا ئىشكەل سالدۇرۇپ، دوڭ (东) شەرقىي (يامۇلغا سولايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا كونا كۈرە شەھرىدە دوڭيامۇل ۋە شى (西) غەربىي (يامۇل دەپ ئىككى يامۇل بار بولۇپ، يەرلىك كىشىلەردىن ئادەتتىكى جىنايەتچى بولسا، ئاۋۋال شەرقىي يامۇلغا سولىنىدۇ، ئەگەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان ئېغىر جىنايەتچى بولسا غەربىي يامۇلغا يۆتكىلىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى «ئاياغىمدا ئىشكەل بار، بويىنىمىزدا تىڭگانزا، ئېلىپ قاچسا نۇزۇگنى، بولسا ياخشى خوخەنزە» دېگەن قوشاقلاردىن قارىغاندا ئۇنىڭ يەنە ئۆزىنى زىنداندىن ئېلىپ قاچالىغۇدەك بىر قەھرىمان ئەرنىڭ بولۇشىنى بەكلا ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دالويى جاڭجۈنگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، جاڭجۈن ئۇنىڭ جىنايىتى ھەققىدە خەت يېزىپ، بېيجىڭدىكى داۋگۇاڭخانغا مەلۇمات يوللايدۇ ھەمدە ئۇنى غەربىي يامۇلغا يۆتكەپ، كېچىسى تۆت يايى، كۈندۈزى تۆت يايى ساقلايدۇ. بۇ بۆلەكتىكى «مەن كۆرمىگەن مومامنى، مېنى تۇغقان ئانامنى، چەنپەن بېرىپ ئۆلتۈرگەن، ئۈچ

ياشتىكى بالامنى» دېگەن قوشاقلاردىن، ئۇ تۇغۇلغاندا مومىسىنىڭ يوقلىقى، ئانىسىنىڭمۇ ئۇ ئېسىنى بىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، نۇزۇگۇمنىڭ ئۆزى توي قىلغان چوكان بولۇپ، ئۈچ ياشقا كىرگەن بالىسىنىڭ چەنپەنلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز) .بۇ يەردىكى 遣犯 خەنزۇچە سۆز بولۇپ، مەنىسى "پالاندى"، يەنى ئىچكىرىدىن پالىنىپ چىقىپ، بۇ جايدا كۆمۈر كان، مىس كانلىرىدا ئەمگەككە سېلىنىدىغان جىنايەتچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى چاغدىكى بەلگىلىمە بويىچە چەنپەنلەر جازا مۇددىتى توشقاندا ئىچكىرىگە قايتىپ كەتسىمۇ، مۇشۇ جايدا قېلىپ كۆن كەچۈرسىمۇ بولاتتى، ئەمما ئۇرۇش بولغاندا ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ، ئۇرۇشقا سېلىناتتى( .

»جاڭجۇن خانغا ئەۋەتكەن خەت خانغا قىرىق بىر كۈندە يېتىپ بېرىپ، خاندىن ھەم قىرىق بىر كۈندە جاۋاب خەت كەپتۇ. خەتتە: "بۇ خەت كېچە بارسا كۈندۈزگە قويماي ئۆلتۈرۈلسۇن، ئەگەر كۈندۈز بارسا كېچىگە قويماي ئۆلتۈرۈلسۇن" دەپ يېزىلىپتۇ. خانغا بارغان خەتنىڭ جاۋابى سەكسەن ئىككى كۈندە كەلگەن كۈنى نۇزۇگۇمنى يامۇلدىن ئېلىپ چىقىپ، ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ مويتوڭزىغا ئېلىپ يۈردى. خالايىقلار يۈگۈرۈشۈپ تاماشا ئۈچۈن مويتوڭزا ئەتراپىغا يىغىلدى. نۇزۇگۇمنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ، قىبلىگە قارىتىپ ئولتۇرغۇزدى. نۇزۇگۇم شاھادەت ئوقۇپ ئولتۇردى. بىر جاللات نۇزۇگۇمنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىلگەن بولۇپ تۇردى، ئارقىسىدىن بىر جاللات كېلىپ چاپتى. نۇزۇگۇمنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ يەرگە چۈشتى. ئىككى يۈزچە تۇنگانلار بار ئىدى، باشنى ئېلىپ تەنگە تىكىپ، نامىزىنى ئوقۇپ يەرگە دەپنە قىلىپ، خەتمە قۇرئان ئوقۇپ ياندى. بۇ ۋەقەلەرنى موللا بىلال ئىبىن موللا يۈسۈپ نازىمى چوڭلارنى ئۆيىگە چىللاپ كەلتۈرۈپ، تەھقىقى بىلەن سوراپ، ئاڭلاپ بىلىپ، رۇسىيە تارىخىدا 1882-يىلى جامادىيۇل ئەۋۋەلنىڭ 5-كۈنى غۇلجا دىيارىدا يېزىپ پۈتتۈردى» («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2014-يىل 6-سان 94-بەت).

بۇ بۆلەكتىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، نۇزۇگۇم داۋگۇاڭ خاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ھەمدە كونا كۈرەدىكى غەربىي يامۇلدىن ئېلىپ چىقىلىپ، شۇ ئەتراپتىكى مويتوڭزىدا كاللىسى چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن) .بۇ يەردىكى «مويتوڭزا» خەنزۇچە木墩子سۆزى بولۇپ، «ياغاچ كۆتەك» دېگەن مەنىدە. بۇرۇنلاردا ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان جىنايەتچىنىڭ كاللىسى ياغاچ كۆتەككە قويۇلۇپ چېپىلاتتى، بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە جىنايەتچىنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغان سەھنە شەكلىدىكى جازا مەيدانىنى كۆرسىتىدۇ .(بۇ بۆلەكتىن يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ مەيداندا تۇرغان تۇڭگانلار نۇزۇگۇمنىڭ چېپىلغان بېشىنى تېنىگە ئۇلاپ، دەپنە قىلىپ، قىرائەت قىلىپ قايتقان. موللا بىلال بۇ ئەھۋالنى بىلىدىغان چوڭلارنى يىغىپ، بىر-بىردىن سوراپ، پاكىتلارنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن شۇ ئاساستا 1882-يىلى بۇ تارىخىي داستاننى يېزىپ چىققان .

بىزگە نۇزۇگۇم ھەققىدە يېتىپ كەلگەن بارلىق مەلۇماتلار مۇشۇ، نۇزۇگۇم ھەققىدە بۇنىڭدىن باشقا ئەينى چاغدا قالدۇرۇلغان، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھېچ بىر مەلۇمات يوق. ھازىرغىچە بىز ئاڭلاپ كېلىۋاتقان باشقا ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى دەۋرلەردە ئەدىبلەرنىڭ بەدىئىي توقۇلمىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى مەزمۇنلاردۇر.

مەسىلەن، «نۇزۇگۇمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئۇنداق ئىدى، مۇنداق ئىدى» دېگەن ئۇچۇرلار ئاساسسىز؛ ئىلىغا كەلگەندە نۇزۇگۇمنىڭ باقى ئاتلىق يىگىتى بولغانلىقى ئاساسسىز. نۇزۇگۇمنىڭ قايسى يىلى تۇغۇلغانلىقى نامەلۇم. ئۇ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىشتىن بۇرۇنلا ئۈچ ياشلىق بالىسى بولغان چوكان ئىدى، بەلكىم ئېرىمۇ شۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەن

بولسا كېرەك. دادىسىنىڭ قەشقەردە قالغانلىقى، ئابدۇللا خوجا ئىسىملىك ئاكىسىنىڭ ئۆزى بىلەن بىرلىكتە سۈرگۈن قىلىنغانلىقى ئەسەردە كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەسەردە نۇزۇكۇمنىڭ قەشقەرنىڭ قايسى مەھەللىسىدىن ئىكەنلىكى ئېيتىلمايدۇ، «بولاق بېشى مەھەللىسى» دېگەن ئۇچۇر ئەسلا يوق. ئۇ يولتۇزدىن قېچىپ غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدىكى ئالماتۇيار قومۇشلۇقىغا كېلىدۇ. كېيىن يەنە شۇ يەرنىڭ ئەتراپىدىكى تاغقا قاچىدۇ، بۇ تاغ ئەلۋەتتە دەريانىڭ شىمالىدىكى ھازىرقى غۇلجا شەھەر يېڭىيەر، باياندىي يېزىلىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا توغرا كېلىدۇ. نۇزۇكۇمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن جايى ھازىرقى قورغاس ناھىيە كونا كۆرە كەنتىدىكى كۆرە غەربىي يامۇلىنىڭ سىرتىدىكى جازا مەيدانى. بۇ جاي ھازىرقى يېڭى كۆرەدىن 10 كىلومېتىرچە غەربتە، ھازىر دەريا ياقىسىدىكى يارلىقنىڭ تۆپىسىگە توغرا كېلىدۇ، ئەسلى ئورنىنى سۇ ئېلىپ كەتكەن بولسا، ھازىرقى دەريا قىنىدىكى قومۇشلۇققا توغرا كېلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قازاقىستاندىمۇ نۇزۇكۇم ئۆڭكۆرى ۋە نۇزۇكۇمنىڭ قەبرىسى بارمىش. ئەگەر شۇ ئۆڭكۆرنىڭ ئورنى ھازىرقى ئىلى چېگرىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بولسا، بۇنى ئەمەلىيەتكە بىرئاز ئۇيغۇن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، نۇزۇكۇم قېچىپ يۈرگەن چاغلاردا بەلكىم شۇ جايلارغا بارغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، نۇزۇكۇم قەبرىسىنىڭ كۆرەدىن قازاقىستانغا كۆچۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيال يوق. ئوخشاشلا، موللا بىلالنىڭ ئەسىرىدە ۋە باشقا مەنبەلەردە نۇزۇكۇم قەبرىسىنىڭ ئارائۆستەڭگە كۆچۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

بىز بۇ مەسىلە ھەققىدىكى پاكىتلارنى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىش ئۈچۈن 2016-يىلى 1-ئاينىڭ 26-كۈنى، ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» توپلىمىنى تۈزۈش ئىشخانىسىدىن دولقۇن روزى، شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدىن قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، توققۇزتارا ناھىيە مويۇنگۇزەر مەكتىپىدىن ئابدۇخېلىل مىرخېلىل مۆئەللىم، قورغاس ناھىيەلىك رادىيو، تېلېۋىزىيە، تەنتەربىيە، مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن كەنجى خۇمار ۋە ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن نىجات سوپى قاتارلىق بەش كىشى قورغاس ناھىيە كۆرە بازىرىغا بېرىپ ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئورنى، يېڭى كۆرە، كونا كۆرە خارابىسى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدۇق.

ئۇ يەردىكى ئابلەت ئاكا، ئابدۇراھمان ئاكا قاتارلىق پېشقەدەملەر بىلەن سۆھبەتلەشتۇق. ئابدۇراھمان ئاكىنىڭ ئوغلىنىڭ يول باشلىشى بىلەن نۇزۇكۇم دەپنە قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولغان جايلارنى تەكشۈردۇق. 95 ياشلىق ئابدۇراھمان بوۋاينىڭ ئېسى جايىدا بولۇپ، ئۆزى باللىقىدا پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ياشلىقىدا دەسلەپ گومىنداڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان، كېيىنچە ئۈچ ۋىلايەتكە قېتىلغان، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇزۇن يىل ھۆكۈمەت خىزمىتى ئىشلىگەن ئىكەن.

ئۇ 1960-يىلى بىر نەچچە دېھقان بىللە كونا كۆرە ئەتراپىدىكى قەبرىستانلىقتىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئېتىزدا تاۋۇزغا چۆنەك چىقىرىۋېتىپ، بىر جەسەتنى بايقىغانلىقى، جەسەتنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ كەتمەنگە ئۇرۇلۇپ چىققانلىقى، جەسەتنىڭ بەدىنىدىكى سۆڭەكلىرىنىڭ ئاجرىماي تۇتاش تۇرغانلىقى، لېكىن ئېغىرلىقى بىر كىلوگراممۇ كەلمىگۈدەك دەرىجىدە يېنىك ئىكەنلىكى، بۇنىڭ بىر ئايالنىڭ جەسىدى ئىكەنلىكى، ئۇلار بۇ جەسەتنى ئەينى ۋاقىتتا يېقىن ئەتراپتىكى تېخى ئېتىز قىلىنمىغان بىر دۆڭگە ئاپىرىپ قايتا دەپنە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلار نۇزۇكۇمنىڭ جەسىدى شۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدىكەن. ئەپسۇسكى، بوۋاي بۇ كۈنلەردە ساقسىز بولۇپ

قالغاچقا، ئۇنى نەق مەيدانغا ئېلىپ بېرىپ ئورۇننى دەلىللەش مۇمكىن بولمىدى. بوۋاينىڭ ئوغلى بىزنى كونا كۆرە سېپىلىنىڭ شەرق تەرىپىگە با شلاپ بېرىپ، دادىسىنىڭ ئېيتقان جايىنى بىزگە تەخمىنىي ھالدا كۆرسەتتى. ئۇ يەر ھازىر ئورمانلىق قىلىنىپتۇ، تۇڭگانلار ئۇ يەرگە بىر قىسىم لاتىلارنى باغلاپ قويۇپتۇ. تۇڭگانلار يەنە ئۆز نەزىرىدىكى بىر ئايال قەھرىماننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ھازىرقى دەريا قىنىغا توغرا كېلىدىغان بىر جايغا بىر كىچىك مۇنار تىكلەپتۇ ھەم ھەر يىلى جاي-جايلاردىن كېلىپ تاۋاب قىلىدىغان بوپتۇ. سېپىلنىڭ غەرب تەرىپىدە يەنە بىر تۇڭگانلارنى ئاساس قىلغان قەبرىستانلىق بار ئىكەندۇق، ئۇ يەر «چوكان مازار»، «نۇ خانىمنىڭ مازىرى» دەپمۇ ئاتىلاتتىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايال قەھرىمانلارغا باغلىق ئىكەن. بۇ ھەقتە بۇ يەردە بىر قېتىملىق ئارخىلوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ مەسىلە ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىلمىي تەتقىقات يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدىكەن.

نۇزۇگۇمنىڭ 1830-يىلى ئەتراپىدا كونا كۆرە غەربىي يامۇل سىرتىدىكى جازا مەيدانىدا كاللىسى چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ بىرەر جايغا يۆتكەلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق تارىخىي ماتېرىيال يوق. ئۇنداقتا بۇ قەبرە قاچان، نېمە سەۋەبتىن، كىم تەرىپىدىن ئەسلىدىكى ئورنىدىن 100 كىلومېتىرچە يىراقتىكى غۇلجا ناھىيە ئارائۆستەڭ يېزىسىغا كۆچۈرۈلۈپ قالدۇ؟ ئەگەر ئارائۆستەڭدىكى بۇ قەبرە نۇزۇگۇمنىڭ قەبرىسى بولمىسا، ئۇنداقتا زادى كىمنىڭ قەبرىسى؟ تور ۋە ئۇندىدارلاردا تارقىلىپ يۈرگەن ئۇچۇرلارنىڭ چىنلىق دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟ بىز يەنىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن 2016-يىلى 1-ئاينىڭ 28-كۈنى قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى ئىككىمىز غۇلجا ناھىيە ئارائۆستەڭ يېزا بۇلاقبېشى مەھەللىسىدىكى «نۇزۇگۇمنىڭ قەبرىسى» دەپ ئاتالغان جايغا چىقىپ زىيارەت قىلدۇق ۋە ئەخمەت پولات ئاكا، رېھىم ئاكا قاتارلىق پېشقەدەملەر بىلەن سۆھبەتتە بولدۇق.

ئەخمەت پولات ئاكا بۇ يىل 85 ياشقا كىرىپتۇ، رەھبىرىمىز ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاكا بىلەن ساۋاقداش ئىكەندۇق، ئىلگىرى ئوقۇتقۇچى بولغان ئىكەن. ھازىر قۇلىقى سەل ئېغىرلا شقان بولسىمۇ، لېكىن ئەس-ھوشى، گەپ-سۆزى جايىدا ئىكەن، ئانچە-مۇنچە كىتاب ئوقۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ بىزگە بەزى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردى. شائىر تۇرسۇنجان ئەمەت ئىلگىرى ئۇ كىشىنى زىيارەت قىلغان ۋە قەبرىنىڭ ئىگىسىنى شۇ ئاساستا «بېكىتكەن» ئىكەن. ئەخمەت ئاكا شائىر تۇرسۇنجان ئەمەتنىڭ توردىكى ماقالىسىنى ئوقۇپتۇ، ماقالىدا ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن ئىككى قەبرىستاننىڭ ئەھۋالىنى ئارىلا شتۇرۇپ قويۇشتەك بەزى خاتالىقلارغا يول قويۇلغانلىقى، ئۇ بۇ خاتالىقنى كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن خېلىدىن بېرى شائىر تۇرسۇنجان ئەمەت بىلەن ئالاقىلىشالمىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەخمەت پولات ئاكىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ يەردە مەزكۇر قەبرىگە ئائىت بىر قەھرىمان، قاچقۇن قىزنىڭ ھېكايىسى بار ئىكەن. شائىر تۇرسۇنجان ئەمەت كېلىپ، بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ، بۇ قەبرىنىڭ «نۇزۇگۇمنىڭ قەبرىسى» ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن بۇرۇن بۇ يەردىكى كىشىلەر بۇ قەبرىنىڭ نۇزۇگۇمنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىكەندۇق، شۇ ئىشتىن كېيىنلا ئۇلار بۇ قەبرىنىڭ نۇزۇگۇمنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە باشلاپتۇ.

ئەخمەت ئاكىنىڭ بۇ يەردىكى قەھرىمان قىز ھەققىدىكى ھېكايىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

مانجۇلار جەنۇبتىن ئېلىغا سۈرگۈن قىلىنغانلار قاتارىدا چىرايلىق بىر قىز بار ئىكەن. ئۇ قىز بەك چىرايلىق بولغاچقا، ئېلىپ چىققان ئەمەلدارلاردىن ئىككىسى تالىشىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرى ئۆزىنىڭ ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يەنە بىرىگە چىدىماسلىق بىلەن «ساڭمۇ يوق، ماڭمۇ يوق» قىلاي دەپ، دەرۋازىۋەنلەرگە پۇل بېرىپ، تۇساق تامدىن شورا ئېچىپ، ئۇنى قاچقان كۆرۈنۈش ياساپ، بۇ قىزنى قاچۇرىۋېتىپ: «ئۇدۇل كۈن چىقىشقا ماڭ، كۈن چىقىشقا قاچساڭ ئۇيغۇرلار كۆپ، قۇتۇلۇپ كېتىسەن. قىبلىگە ماڭساڭ تۇتۇلۇپ قالىسەن، سېنى قوغدايدىغان ئادەم يوق» دەپ ئىككى توغاچنى بېرىپ كېچىدە قاچۇرىۋېتىپتۇ. ئۇ قىز ئىككى ـ ئۈچ كۈن كېچىسى مېڭىپ، كۈندۈزى چۆپلۈككە مۆكۈپ، ھازىرقى غۇلجا ناھىيە خۇدايار يۈزى ھاجى مەھەللىدىكى جىرغىلاڭنىڭ سۈيىنىڭ ئۇ يېقىغا كېلىپ توختاپتۇ. ئۇ يەردىكى خاماندا بىر ئۆي بار ئىكەن، شۇ يەرگە كەپتۇ. قورساق ئاچ، ئۇستى ـ بېشى يا سىكىنا، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە ئىكەن. ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىسا، بىر جۈپ ياش ئەر ـ ئايال بالىسىنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. كېچىدە بۇ ئۆيگە كىرەي دېسە، ئۆيدىكىلەرنى قورقىتىۋېتىشتىن ئەنسىرەپتۇ، كىرمەي دېسە تالادا قالىدۇ. ۋارقىراي دېسە، ئۇلار قورقۇپ ئىشىكنى ئېلىۋېلىپ كىرگۈزمەيدۇ. ئاخىرى «قورقىسىمۇ بىردەم قورقار، بىر نەرسە دەپ چۇشەندۈرۈپ قورسۇقۇمنى تويغۇزاي، مۇشۇلارغا يالۋۇرۇپ باقاي» دەپ ئويلاپ، ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندىن كېيىنلا، ئۆيدىكى ئايال سەھپىيە قورقۇپ «ئاپپام» دەپلا ئۆزىنى دۈملا تاشلىۋېتىپتۇ. ئېرى ئەيساجان ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ «قورقماڭلار» دەپ، كەلىمە شاھادەتلەرنى ئېيتىپ: «مەن بىر مۇسۇلمان، بېشىمغا كۈن چۈشۈپ مۇشۇنداق كېلىپ قالدىم، قورقماڭلار مەندىن» دېگەندىن كېيىن، ئەيساجان سەل ئېسىگە كېلىپ: «سىز راست ئادەممۇ؟» دېگۈدەك، «دادىلىرىم ماڭا، مۇشۇ ئەتراپتا ئالۋاستا بار، دىققەت قىلىڭلار دەيتتى، نەق ئالۋاستىغا ئوخشاپ قاپسىز» دەپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئايالى بېشىنى كۆتىرىپ: «ئادەممىكەن؟» دەپتۇ ۋە ئېسىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر دەم سىر ئېيتىشىپ، بۇ قىزنىڭ باش ـ كۆزىنى يۇيۇپ، چاي بېرىپ، كونا كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ. ئۇ قىزنى يوشۇرۇپ كۈندۈزى ئۆگزىدە ياتقۇزىدىكەن، كېچىسى ئۆيگە قايتۇرۇپ چۈشۈپ، ئەيساجان ئۆگزىدە ياتىدىكەن. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ئىزدەپ تېپىش ھەققىدە ئېلان چىقىرىپتۇ: «پۇل بېرىمىز، ئات بېرىمىز» دەپ. ئۇنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى بۇلارمۇ ئاڭلاپ: «قانداق قىلىمىز، بۇنى باشقا جايغا يۆتكىۋېتەيلى» دەپتۇ، مۇشۇ يەردە (ئارائۆستەڭدە) تۇغقىنى بار ئىكەن. كېچىسى ئۇنى ئەرەنچە ياساپ، ئاتقا مىندۈرۈپ، ئەيساجاننىڭ بىر ئاغىنىسى بىلەن ئۈچى ئاتلىق بولۇپ، سۇدىن ئۆتۈپ، ئارائۆستەڭگە توختى سوپىنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ قويىدىكەن. ئۇلار بىر مەزگىل بېقىپ، بۇ يەردىمۇ سەل تەھدىت بولغاندىن كېيىن، ھازىرقى قازاقىستان تەۋەلىكىدىكى «توقلۇق دېگەن يەرگە يۆتكىۋەتسەك، جاھان تىنجىغاندىن كېيىن شۇ يەر ئارقىلىق قەشقەرگە چۈشۈپ كېتىدىغانغا ياخشى» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇلارنىڭ سالى ئاتلىق بىر تۇڭگان قوشنىسى بار ئىكەن، ئۇ ئەسلى سامىيۇزىلىك ئادەم بولۇپ، كېيىن بۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئايالى بۇ قىزنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئېرىغا دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سالى ماراپ كۆرۈپ: «ھە راست ئىكەن، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەلۇم قىلىش كېرەك، ئەمدى مەن ئات ۋە نۇرغۇن پۇلغا ئىگە بولىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ، ئوغرىلىقچە كۈرە شەھىرىگە كىرىپ، بۇنى مەھكىمىگە دەيدىكەن. سالىنىڭ ھەرىكىتىنى بۇلارمۇ سېزىپ قالىدىكەن. مەھكىمىدىن ئادەم چىقىپ سالىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، ئەتراپنى تەكشۈرۈپتۇ. بۇلار «سالى ئۈچ كۈن يوقاپ كېتىۋىدى، مۇشۇ چېقىپتۇ، بۇنى ئوبدان كۆرۈپ قويدۇق، قىزنى بۇ يەردىن يۆتكىۋەتمىسەك بولمايدىكەن» دەپ مۇزاكىرە قىلىپ، بورقومۇشلۇققا يۆتكىمەكچى بوپتۇ: «بۇياقنى ئاختۇرسا، ئۇ ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، كېيىنچە يىراققا يۆتكىۋېتىمىز»

دەپ ئويلاپتۇ. كېچىسى هارۋا بىلەن چىقىپ، قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە بىر ئورەك كولاپ، ياۋا چوشقىلار هۇجۇم قىلالمىغۇدەك قىلىپتۇ. كىگىز، جۇۋىلارنى بېرىپتۇ، ئۈستىنى يامغۇر چۈشمىگۈدەك قىپتۇ. بىر پىچاق بېرىپتۇ، هەمراھ بولىدۇ دەپ، بىر قۇرئان بېرىپتۇ، بېشىڭىزغا قويۇڭ دەپ، بىر كالتەك بېرىپتۇ، چوشقىلار كەلسە ئۇرۇڭ دەپ. ئۇلار بۇ قىزنى قورقۇپ قالمىسۇن دەپ، ئانچە ـ مۇنچە كېلىپ نازارەت قىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ قىز: «مەن قورقمايمەن، بۇنداق دالىدا كۆپ ياتقانمەن» دەپ ئۇلارنى تىنچلاندۇرىدىكەن. بۇ ئەھۋاللارنى سالى يەنە سېزىدىكەن. بېرىپ چىلىك هۆكۈمىتىگە يەنە دەيدىكەن، ئۇلار يەنە چىقىپ ئايلىنىپ، ئۆيمۇ ـ ئۆي ئاختۇرىدىكەن. ئۇ چاغدا بۇلاقبېشى مەهەللىسىدە 30 تۈتۈن بار ئىكەن، «قادىر يۈزى» دەپ ئاتىلاتتىكەن. چېرىكلەر ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن سالىنىڭ دېگىنى بويىچە قومۇشلۇققا كەپتۇ. كىرەي دېسە پاتقاق، ياۋا چوشقىلار چېپىپ يۈرگەن، قىزنى تىرىك تۇتىسەن دېگەن بۇيرۇق بار ئىكەندۇق، شۇڭا ئاتاي دېسە ئاتالماي، چېرىكلەر «يوقكەن» دەپ قايتىپ چىقىپتۇ. سالى «بار» دەپ ئۇنىماي تۇرىۋاپتۇ. «ئۇنداق بولسا قانداق تاپىمىز، ئوت قويايلى قومۇشقا» دەپتۇ. كۈز ۋاقتى بولغاچقا قومۇشلار سارغىيىپ كەتكەن ئىكەن. كۆن چىقىش ئابلاش (يەر نامى) تەرەپتىن ئازراق شامال بار ئىكەن. ئەسكەرلەر چۆرىدەپ قورشاپ ئوت قويىدىكەن، قىز ئاخىر بولالماي: «هامىنى ئۆلىدىكەنمەن، بىرەرىنى ئۆلتۈرۈپ بولسىمۇ ئۆلەي» دەپ، پەچاقنى يەڭ ئىچىگە قولياغلىق بىلەن باغلايدىكەن، بىر پۇتى توكۇر بولغان بولۇپ، كالتەكنى تايىنىپ چىقىدىكەن. چېرىكلەرنىڭ باشلىقى ئۇنىڭ هالىغا قاراپ، خاتىرجەم بولۇپ، قىلىچىنى غىلاپقا سېلىپ: «ئۆزى چىقتى ما نا، هەممە چېرىكلەرگە خەۋەر قىلىڭلار، يىغىلسۇن»، دەپ چېرىكنى يۈگۈرتۈپ كەتكۈزىۋېتىپتۇ. بۇ قومۇش بىرەر يۈز مولۇق چوڭ قومۇشلۇق ئىكەن. قىز چېرىك باشلىقىنىڭ بىخەستەلىكىتىن پايدىلىنىپ، كالتەك بىلەن بىر قويغان ئىكەن، بۇرنىنى ماكچايتىپ، سول كۆزىنى قويىۋېتىپتۇ. ئۇ «ۋاي» دەپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ، يېنىدىكى چېرىك چىقىشىغا قىز بىقىنىغا پىچاق بىلەن قويغان ئىكەن، ئۇمۇ «ۋاي» دەپ يىقىلىپ، مىلتىقى قولىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. مىلتىقنى قىز ئېلىۋاپتۇ، ئاتاي دېسە، بەردەڭگە مىلتىق قۇلۇپلاغلىق ئىكەن، ئاتالماپتۇ. چېرىكلەر باشلىقى بۇ قىزنىڭ مىلتىقنى ئېلىۋالغانلىقىنى ئۇقۇپ: «بولدى ئېتىۋېتىڭلار، بولمىسا بىزنى ئېتىۋېتىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەر مىلتىق بىلەن قىزنى ئېتىۋېتىپتۇ. يىراقتا نۇرغۇن ئەر ـ ئايال قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇلارنى چېرىكلەر كەلتۈرمەيدىكەن، ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. قىز قولىنى شۇنداق بىر كۆتۈرۈپلا ئارقىغا يىقىلىپتۇ. «ئىتلار يەۋەتسۇن بۇنىڭ ئۆلۈكىنى، تاشلىۋېتىڭلار بۇنى» دەپتۇ چېرىكلەر باشلىقى. چېرىكلەر قىزنىڭ ئىككى پۇتىنى سۆرەپ ئاپىرىپ پاتقاققا تاشلىۋېتىپتۇ. قىزنى ئېلىپ كېتىشكە هارۋا ئېلىپ چىققان ئىكەن، ياردار بولغان ئەمەلدار ۋە چېرىكنى هارۋىغا سېلىپ، شەهەرگە قايتىپتۇ. ئارا مەهەللىگە بارغاندا پىچاق يېگەن چېرىك ئۆلۈپتۇ. كۆرەگە بارغاندىن كېيىن مانجۇلار هارۋىنى هەيدىگەن هارۋىكەشكىمۇ هېچنېمە بەرمەي قوغلىۋېتىپتۇ، ئەتىسى ئۇ هارۋىدىكى قانلارنى يۇيۇپ قايتىپ چىقىپتۇ. قىزنى چاققان سالى شەهەرگە كىرىپ: «ماڭا بېرىدىغان پۇل بىلەن ئات قېنى؟» دەپ تۇرىۋاپتۇ. بىر كۆزى قويۇلۇپ كەتكەن ئەمەلدارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «سولىۋېتىڭلار بۇنى» دەپ سولىتىۋېتىپتۇ. سالى سولاقتا ئۆيغۇرچە، خەنزۇچە ۋارقىراۋېرىدىكەن: «ئەمەلدارلار ئۇنداق يامان ئىكەن، مۇنداق يامان ئىكەن، مېنى ئالدىدى» دەپ، تۈرمىدىكىلەرنىڭ هەممىسى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان هېلىقى قارىغۇ ئەمەلدار يەنە بىرسىنى چاقىرىپ، پۇل بېرىپ: «سەن ئىككى ئەسكەر بىلەن بۇنى ئېلىپ چىقىپ، دەرياغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ، پۇلنى بۆلۈ شۈپ بىلىڭلار. ئاتماڭلار، ئاتساڭلار هۆكۈمەت قىلدى دەپ قالىدۇ» دەپتۇ. ئۇلار كىرىپ: «ساڭا ئات بېرىدىغان، پۇل بېرىدىغان بولدۇق» دەپ ئېلىپ چىقىپ، دەريا

بويلاپ زايىمكا دېگەن يەرگە كەلگەندە پۇتىنى باغلاپ، پۇللىرىنى ئېلىۋېلىپ، دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى تاپالماي، ئۆلۈپ قالغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپتۇ. «چوقۇم مۇشۇ مەھەللىدىكىلەر قىلدى، ئەمدى بىزنىمۇ ئۆلتۈرىۋېتىدۇ» دەپ ئويلاپ، قورقۇپ بىر كېچىدىلا سامىيۇزىگە كۆچۈپ كېتىپتۇ. تۇردى سوپىلار: «بۇنى بەلكىم قاراقچىلار بۇلاپ ئۆلتۈرىۋەتكەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلايدىكەن. ئۇنى ئۆلتۈرگەن چېرىكلەر مەيخانىدا هاراق ئىچىپ، مەست بولۇپ يۈرۈپ، بۇ گەپنى بىرسىگە دەپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گەپ تارقىلىپ بۇ يەرگىمۇ چىقىپتۇ. كىشىلەر ئۇ قىزنى هازىرقى كۆلنىڭ ئەتراپىغا قەبرىستانلىقتا كۆمۈپ قويۇپتۇ. كېيىنچە قەشقەر بۇلاقبېشىدىكى تۇغقانلىرى چىقىپ قىزنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ، كۆمۈلگەن ئورنىنى تېپىپ، مازار ياسايدىكەن. بۇنداق ھەشەمەتلىك مازار ياسىغانلىقىنى ئاڭلاپ تەرەپ-تەرەپتىن كىشىلەر كېلىپ كۆرىدىكەن. «كىم ياساپتۇ؟ قەشقەر بۇلاقبېشىلىقلار ياساپتۇ» دېيىشىپ، كېيىنچە بۇ يەر «بۇلاقبېشى» مەھەللىسى دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. (ئەمەلىيەتتە، بۇ جايدا بۇلاق ۋە بۇلاق سۈيىدىن هاسىل بولغان كۆل بار ئىكەن.)

بۇ هېكايىنىڭ يەنە «سۈرگۈن قىلىنغان بىر ئۇيغۇر قىزى بىر قالماقنىڭ ئۆيىگە خىزمەتچى بولۇپ كەلتۈرۈلۈپتىكەن، كېيىنچە قالماقنىڭ ئوغلىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ تويىنى قىپتۇ، توي كېچىسى قىز قالماقنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىپتىكەن» دەپ باشلىنىدىغان ۋارىيانتىمۇ بار ئىكەن. ئۇندىن باشقا ئارائۆستەڭ يېزىلىق هۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئۆي تاملىرىغا رەسىملىك، خەتلىك يازغان بىر هېكايىدە قالماققا خوتۇن بولۇشقا ئۇنىماي، ئۆز سۆيگىنى بارات بىلەن توي قىلغان، زالىملارنىڭ قوغلاپ تۇتۇشى جەريانىدا، ئېرى بىلەن بىللە دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغان ئىسيانكار ئايال رابىيەنىڭ ئوبرازى بار ئىكەن. بۇ يېزىدىكى قەھرىمان ئايالغا ئائىت بەزى هېكايىلەر گۇلەمخانغىمۇ تۇتىشىپ كېتىدىكەن. (بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تارىختىكى ھەقىقىي گۇلەمخان دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغان بولماستىن، بەلكى ياشاپ قالغان، كېيىنچە قازاقىستانغا كۆچۈپ كېتىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن.)

قىسقىسى، نۇزۇگۇمنىڭ قەبرىسىنىڭ قايسى جايدا ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاندىن ئىلمىي يوسۇندا هۆكۈم چىقىرىش كېرەك. هېسسىياتقا تايىنىپ، ئالدىراپ خاتا هۆكۈم چىقىرىپ سېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. ئەينى زاماندا نۇزۇگۇمغا ئوخشاش قەھرىمان ئاياللار شۇ بىرلا بولمىغان، ئۇنىڭغا ئوخشاش قانچىلىغان ئاياللار زالىملارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، قانچىلىغان قەھرىمانلىق هېكايىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق. ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭ هېكايىسى نۇزۇگۇمنىڭ هېكايىسىگە ئوخشىسىلا نۇزۇگۇم شۇ دەپ تۇرىۋالساق بولمايدۇ. ئەگەر نۇزۇگۇمنىڭ قەبرىسىنى تېپىش، قەبرە تېشى تىكلەش توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن باشقا جايدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن جاي-هازىرقى قورغاس ناهىيە گۇرە بازىرى كونا گۇرە كەنتىدىن ئىزدەپ تېپىش، قەبرە تېشىنى شۇ جايغا تىكلەش كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ قەبرىسىنى باشقا جايدا دېمەكچى بولساق، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ گۇرەدىن قاچان، كىملەر تەرىپىدىن، نېمە سەۋەبتىن يۆتكەلگەنلىكىگە ئائىت تارىخىي پاكىتلارنى تېپىپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا تارىخقا، پاكىتقا ئۇيغۇن ئىش قىلغان بولىمىز؛ تارىخ ئالدىدىمۇ، كېيىنكىلەر ئالدىدىمۇ جاۋاب بېرەلىگۈدەك توغرا نەتىجىگە ئېرىشىمىز، يۈزىمىز مەڭگۈ يورۇق بولىدۇ.

**ئاپتور:** ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئادەبىيات شۆبە ئىنستىتۇتىدىن دوتسېنت، دوكتور: نىجات سوپى

# يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

www.yanghin.cn　　www.yanghin.net

admin@yanghin.net　　kitab@yanghin.net